شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 10 - ئاي
4
يەكشەنبە
维吾尔文 10 月4日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25204 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو - سىنگاپور دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ سىنگاپور زۇڭتۇڭى خالىما بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

لى كېچياڭ سىنگاپور زۇڭلىسى لى شيەنلۇڭ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سىنگاپور زۇڭتۇڭى خالىما بىلەن جۇڭگو - سىنگاپور دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. (ئاخىرى 2- بەتتە)

شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ ترامپقا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، زۇڭتۇڭ ترامپ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: زۇڭتۇڭ ئەپەندى ۋە مېلانىيا خانىمنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق، مەن ۋە خانىمىم پېڭ لىيۈەن سىز ۋە خانىمىڭىزدىن ھال سورايمىز، سالامەتلىكىڭلارنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى

چېن چۈەنگو قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى

ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 65 يىلدا كۈچلۈك بوران - چاپقۇن ۋە جاپا - مۇشەققەتلەر باشتىن كەچۈرۈلدى، يېڭى دەۋر مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىۋاتقان، ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە، 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ خەلق سارىيىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېي چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار قاتناشتى.

شىنجاڭ خەلق سارىيى تەنتەنىلىك، قىزغىن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. رەئىس سەھنىسىدە، دۆلەت گېربى سەھنىنىڭ دەل ئوتتۇرىغا ئېسىلغان بولۇپ، ئون قىزىل بايراق ئىككى تەرەپكە رەتلىك تىزىلغانىدى.

سائەت 11دە، سۆھبەت يىغىنى ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى.

ئازادلىق ئارمىيەنىڭ پېشقەدەم ھەربىيلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىك شەخسلىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنىشىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار، ئىسلاھات ئاۋانگارتلىرى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر، مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخسلەر، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قاتارلىقلاردىن سەككىز ۋەكىل پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى، ئۇلار ئۆز كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 65 يىلدىن بۇيانقى قالتىس مۇساپىنى چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن ئەسلەپ، پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىقى ۋە ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى سەممىي بايان قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئىشەنچىسى، ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئىشچىلار، دېھقان - چارۋىچىلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە ھەر ساھە زاتلىرىغا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، سىياسىي - قانۇن كادىر - ساقچىلىرىغا، بىڭتۇەندىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان بارلىق كادىرلارغا سەممىي سالام يوللىدى؛ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئىشلىرى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشقان پېشقەدەم ھەربىيلەر، پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار ۋە قەھرىمان نەمۇنىچىلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى؛ شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان بارلىق ھەر ساھە زاتلىرىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 65 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باشتىن - ئاخىر پارتىيە كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا قاراپ مېڭىش، بېكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە قاراپ مېڭىش، نامراتلىقتىن بېيىشقا قاراپ مېڭىشتەك ئۇلۇغ مۇساپىنى ئاچتى.
(ئاخىرى 2- بەتتە)

庆祝新疆维吾尔自治区成立65周年座谈会

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ خەلق سارىيىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى

شىنجاڭ گېزىتى باش ماقالىسى

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىۋاتقان، ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان پەيتتە، ئاپتونوم رايون داغدۇغىلىق ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، 65 يىلدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ كۈرەش مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى، يېڭى دەۋردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈشنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىغا نەزەر سالدى، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆرسەتكەن يۆنىلىشنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق سوتسىيالىزم داغدام يولىغا ماڭدى. 65 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باشتىن - ئاخىر پارتىيە كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا قاراپ مېڭىش، بېكىنمىلىكتىن ئېچىۋېتىشكە قاراپ مېڭىش، نامراتلىقتىن بېيىشقا قاراپ مېڭىشتەك ئۇلۇغ مۇساپىنى ئاچتى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش ۋە ئۇنى ئىگىلەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شەكىللەندۈردى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى،
(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2 - قېتىملىق پاكلىق خىزمىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى

خەلق رازى بولىدىغان مۇلازىمەتچان ھۆكۈمەتنى كۈچەپ بەرپا قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2 - قېتىملىق پاكلىق خىزمىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللار خۇلاسىلىنىپ، دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، كېيىنكى باسقۇچتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇلتۇردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت سىستېمىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ
(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى

«تۆت بالدۇر» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى. يىغىندا گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» خىزمىتى قايتا تەكىتلەندى، دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇ بايرىمى مەزگىلىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.
(ئاخىرى 3- بەتتە)

يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچ ئېلىش

—— ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدىن خاتىرە

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
ۋاڭ شىڭرۇي

65 يىللىق قاينام - تاشقىنلىق يىللار ئەسلەندى، يېڭى دەۋردە يەنە گۈزەل سەھىپە پۈتۈلدى.

65 يىل ئىلگىرىكى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. دۆلەت بايرىمى كۈنىنى تاللاپ ئاپتونوم رايون قۇرۇش يېڭى جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى باغرىغا ئېلىپ ئەڭ چوڭقۇر كۆيۈنگەنلىكىدۇر.

65 يىلدىن كېيىنكى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كادىرلار، ئامما خۇشال - خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىنى ئەسلەپ، تېخىمۇ گۈزەل پارلاق كەلگۈسىگە ئورتاق نەزەر سالدى.

ياڭراق دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە، سۆھبەت يىغىنى باشلاندى، زامان - ماكان ھالقىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق بايانلىرىغا ئەگىشىپ يېيىلىشقا باشلىدى.

ئازادلىق ئارمىيەنىڭ 91 ياشلىق پېشقەدەم ھەربىيلەر ۋەكىلى ليۇ گوجېن بىرىنچى بولۇپ سەھنىگە چىقىپ سۆز قىلدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق چىرايىدىن قەتئىي جەسۇرلۇقى چىقىپ تۇراتتى، بەرگەن كۈچلۈك ھەربىي سالىمى ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجىغان يىللاردىن ئاۋات، گۈللەنگەن دەۋرگە ئۇلاشقان بۇ پېشقەدەم ھەربىي چوڭقۇر ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن ياشلىق باھارىم ۋە ئىسسىق قېنىمنى ئۆزۈم چوڭقۇر سۆيىدىغان شىنجاڭ تۇپرىقىغا بېغىشلاپ، شىنجاڭنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرىگە گۇۋاھ بولدۇم، مەن بۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن!»

ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردىن قەلبلەر شادلاندى، ئىلھاملاندى!

ھەر بىر ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر، ھەر بىر تەسىرلىك سۆزلەر كىشىلەرنىڭ خىياللىرىنى ئاشۇ ئاجايىپ يىللارغا قايتۇردى.

«65 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىليون ساپ كۆپەيدى، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 200 ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىپ، 1 تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەللى بۆسۈپ ئۆتتى».

«يۇرتۇمدا رەت - رەت ئەمىن ئۆيلەر قەد كۆتۈردى، قاتار - قاتار يول چىراغلىرى بېيىش يولىنى يورۇتتى».

«ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى مىسلىسىز توغرا، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى مىسلىسىز ئەۋزەل».

…

سەممىي بايانلار بارلىق يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئورتاق ساداسىنى قوزغىدى، يىغىن مەيدانىدا ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، كىشىلەر بەس - بەستە 65 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايون قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەردىن پەخىرلەندى، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردىن شادلاندى، ئىلھاملاندى.
(ئاخىرى 3- بەتتە)